# بىرىكْلار ئايالنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ بولۇپ، كېچىسى ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قېلىشى مومكىن

ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبىسىدە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئەينى ۋاقىتتا سەمۇد قەۋمىدىن ئەڭ بەدبەخت ئادىمى تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى»، يەنى: ئۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە نوپۇزلۇق، كىشلەر ئارىسىدىكى كۈچلۈك ھەم ئەسكى ئادەم ئالدىرىغان ئىدى،- دېدى. ئاندىن ئاياللارنى تىلغا ئالدى، ئۇلار ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ: بىرىكْلار ئايالنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ بولۇپ، كېچىسى ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ قېلىشى مومكىن،- دېدى. بىراۋ ئوسۇرۇپ سالسا كۈلمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ: سىلەرنىڭ بىرىكْلار ئۆزىمۇ قىلىپ سالىدىغان ئىشلارغا كۈلمىسۇن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن خۇتبىنى ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە ئاڭلىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ خۇتبىسىدە سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن تۆگىنى ۋە ئۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۋەتكەن كىشىنى تىلغا ئالدى، ئۇ قەۋمنىڭ ئەڭ بەدبەخت ئادىمى بولۇپ، ئىسمى قۇدار ئىدى. ئۇ: ئوخشىشى كەم تېپىلىدىغان، ئىنتايىن بۇزغۇنچى، قەۋمى ئىچىدە نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خۇتبىسىدە: «بىرىكْلار ئايالنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ»، دېدى. بۇ ئەدەبلەش يۈزىسىدىن قۇلنى قاتتىق ئۇرۇشنىڭ، ئاياللارنى يىنىك ئۇرۇشنىڭ توغرىلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھەدىستە: ئايالنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئايالنى ئۇرغان كېچىسى ياكى كۈندۈزىدە بىرگە بولۇشتەك ئىككى ئىشنىڭ ئەقىللىق كىشىدىن يۈز بېرىشىنى يىراق سانىغان. چۈنكى تۇرمۇشتا ئايال بىلەن بىرگە بولۇش ياكى بىللە يېتىش كۆڭلى تارتىپ، قىزىققاندىلا ياخشى بولىدۇ. قامچىلانغۇچى كۆپىنچە قامچىلىغان ئادەمدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئەيىپلىنىدىغانلىقى ئىشارە قىلىنغان.ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا يىرگىنىش، ئۇرۇشتا ئاشۇرىۋېتىش ۋە ئەدەپلەشكە سەل قاراش ئىشلىرى يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن يىنىك ئەدەپلەش كېرەك. «ئاندىن يەنە ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى»، يەنى يەل قويۇپ بېرىشنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتىن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى بۇ ھۆرمەت دەپسەندە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئادىمگەرچىلىككە زىت ئىش. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئەيىپلەپ مۇنداق دېگەن: بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزى قىلىدىغان ئىشتىن كۈلىدۇ؟ دېدى. چۈنكى كۈلۈش پەقەت ئەجەبلىنەرلىك، ئالاھىدە ئىشلارغا بولىدۇ، كۈلكىنىڭ تەسىرى ئادەم چىھرىدە نامايەن بولسا تەبەسسۇم بولىدۇ، كۈشلۈك، ئاۋازلىق چىققاندا كۈلكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولسا قاقاھلاپ كۈلۈش بولىدۇ، يەل قويۇپ بېرىش ھەر بىر ئىنساندىن يۈز بېرىدىغان نورمال ئىش تۇرۇغلۇق، بۇ ئىش بىرەر كىشىدىن سادىر بولغاندا نېمە ئۈچۈن كۈلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3070